# ئامرىكىچە موتىدىل ئىسلام چۈشەنچىسى

ئەرەبچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى : لۇتپى

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن.

[(بۇ سۈرىدە مۇشرىكلارنىڭ گۇمراھلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەرنى بايان قىلغىنىمىزدەك) گۇناھكارلارنىڭ يولى ئاشكارا بولسۇن ئۈچۈن، ئايەتلىرىمىزنى روشەن بايان قىلىمىز] سۈرە ئەنئام55 ـ ئايەت.

بۇ ماقالە " مۆتىدىل ئىسلام تورى قۇرۇپ چىقىش" دىگەن نامدىكى ئامرىكا ھۆكۈمىتىگە سۇنۇلغان ئۇزۇن بىر دوكلاتنىڭ قىسقىچە خۇلاسىسى بولۇپ" ئەتتەۋھىد ۋەلجىھاد" مۇنبىرىدىن، ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تەرجىمە قىلدىم.

مەنبە: http://www.tawhed.ws/r?i=Ntwrkart

قىسقىچە مەزمۇن:

ئامرىكىنىڭ راند ( Corporation RAND) مۇئەسسەسەسى كېيىنكى چاغلاردا نۆۋەتتىكى ئىسلام دۇنياسى ھەققىدە " مۆتىدىل ئىسلام تورى قۇرۇش" دىگەن ماۋزۇدا بىر دوكىلات سۇنغان بولۇپ بۇنىڭدا مەزكۇر ئورگان ئامرىكا ھۆكۈمىتىگە سابىق سوغۇق ئۇرۇشلار دەۋرىدىكى كومۇنىزىم پىكرىگە قارشى تۇرۇش جەريانىدىكى تەجرىبىلەرگە تايىنىپ بۇ تەجرىبىلەرنى ھازىرقى زامان ئىسلامچىلار ئېقىمىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئىشقا سېلىش لازىملىقى ھەققىدە بىرقىسىم نۇقتىلىق ۋە رېئال تەۋسىيەلەرنى سۇنغان.

دوكلاتتا ئامرىكا قۇشماشتاتلىرى ئىدارىسىنىڭ( يەنى ئامرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ) ئىسلام دۇنياسىدا سىكۇلارىزىم، لىبرالىزىم ۋە مودىرنىزىم قاتارلىق ئېقىملارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان تەشكىلات ۋە گورۇھلارنى مەيدانغا چىقىرىش ئۈچۈن مەبلەغ چىقىرىشى تەۋسىيە قىلىنغان بولۇپ بۇ خىل تەشكىلات ۋە گورۇھلار، دوكلات " رادىكال " ھىساپلىغان ئىسلامچىلار جامائەتلىرىنىڭ پىكىر- كۆرسەتمىلىرىگە قارشى تۇرۇش رولىنى ئوينايدىكەن. دوكلاتتا يەنە " مۆتىدىللىك" چۈشەنچىسى خاراكتىر جەھەتتە ئىسلامچە ئەمەس غەرىپچە- ئامرىكچە بولۇشىنىڭ شۇنداقلا ئامرىكچە "مۆتىدىللىك" ئارقىلىق كىمنىڭ ئامرىكىنى قوللاپ ھەمكارلىشىدىغانلىقى ۋە كىمنىڭ ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇپ غەلبەيوللىرىنى توسىدىغانلىقىنى ئەملى سىناقتىن ئۆتكۈزۈشنىڭ نەقەدەر ئېھتىياج ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن.

بۇ ماقالە ئوقۇرمەنلەرگە مەزكۇر دوكلاتنىڭ قىسقىچە مەزمۇننى يەتكۈزىدىغان بولۇپ ئاساسى جەھەتتىن دىققەتنى "مۆتىدىللىك" نىڭ ئامرىكا نۇقتىنەزىرى بويىچە تونۇشتۇرۇلىشى ۋە ئامرىكچە" مۆتىدىللىك" تورلىرىنى قانداق مەيدانغا چىقىرىش، دىگەن قىسمىغا نۇقتىلىق قارىتىدۇ. شۇنداقلا بۇ ماقالە ئامرىكىنىڭ ئۇمۇمى سىياسىتىگە ئايلىنىپ ئىسلام ئۇممىتىنىڭ گۈللىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ياكى ئۇنى قورشاش خىزمىتىگە ئۆتۈشتىن ئىلگىرىكى بۇ خىل دوكلاتلار غا تۇتۇلىدىغان مۇئامىلىنىڭ ئەملى مىخانىزىمى ھەققىدىكى بىر قاتار تەۋسىيەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مۇقەددىمە:

ئوتتۇرا شەرق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئامېرىكا نەزىرىيە تۇرغۇزۇش ئورگانلىرى، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە ئىسلام دۇنياسى بىلەن بولغان پىكىر ئۇرۇشىدا يولىيورۇق بېرىش مەقسىتىدە بىرقاتار تەۋسىيەلەرنى تەقدىم قىلىشقا تىرىشماقتا. راند ( Corporation RAND) مۇئەسسەسەسى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ نەزىرىيە تۈزگۈچى مەركەزلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھازىرقى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدىكى قارار لايىھەلىرىگە- بولۇپمۇ ئوتتۇرا شەرق رايۇنىغا ئالاقىدار مەسىلىلەردە- ئەڭ مۇھىم تەسىر كۆرسەتكۈچى نەزىرىيە تۇرۇش ئورگىنىنىڭ بىرى بولۇپ كۆزگە چېلىقىدۇ.

راند مۇئەسسەسەسى ھىجرىيە 1428-يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەل (2007-يىلى 3-ئاي)نىڭ ئاخىرىدا" مۆتىدىل مۇسۇلمانلار تورى قۇرۇش" (Building Moderate Muslim Networks) دىگەن ماۋزۇدا بىر دوكلات ھازىرلىغان بولۇپ بۇ ئەملىيەتتە،بۇ مۇھىم تەسىر دائىرىسى بار نەزىرىيە تۈزگۈچى ئورگاننىڭ 11- سىنتەبىردىن كېيىن ئىسلام دۇنياسىغا قارشى يېتەكچى نەزىرىيە بەلگىلەشتىكى ھۆكۈمەتكە سۇنغان بىر قاتار دوكلاتلىرىنىڭ داۋامى ئىدى.بۇ دوكلات ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە سۇنغان رىئال ۋە نۇقتىلىق تەۋسىيەلەر:

1 - سابىق سوغۇق ئۇرۇشلار دەۋرىدىكى كوممۇنىزىم ئىدىئولۇگىيىسىگە قارشى تۇرۇش جەريانىدىكى تەجرىبىلەرگە ئاساسلىنىش.

2- بۇ دوكلات " رادىكال" لىق كاتىگورىيىسىگە كىرگۈزگەن ئىسلامى ئېقىملارنىڭ پىكىر- كۆرسەتمىلىرىگە قارشى تۇرۇشى ئۈچۈن ئىسلام دۇنياسىدا سېكۇلارىزىم، لىبرالىزىم ۋە مودېرنىزىم ئېقىملىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان گورۇھلار ۋە شايىكىلارنى مەيدانغا چىقىرىش يولى بىلەن ئىسلامى ئېقىملارغا قارشى تۇرۇشتا مەزكۇر تەجرىبىلەردىن ئەملى پايدىلىنىش.

3- " مۆتىدىللىك " ۋە ئۇنىڭ خاراكتىرى ئىسلام چۈشەنچىسى بويىچە ئەمەس، ئامېرىكا-غەرىپ نۇقتىنەزىرى بويىچە بولۇش.

بىز بۇ دوكلاتنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇنىڭدىكى مۇھىم پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن بۇرۇن، بۇ نەزىرىيە تۈزگۈچى مۇئەسسەسەنىڭ ئىلگىركى بىر قاتار دوكلاتلىرىغا بىر نەزەر تاشلاش ۋە بۇلارنىڭ قايسىلىرى قايسى شەكىلدە ئامېرىكا ھۆكۈمەت سىياسىتىگە ئايلىنىپ ئەرەپ -ئىسلام دۇنياسىغا قانداق تېڭىلىۋاتقانلىقى ھەققىدە بىرئاز مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش زۆرۈر بولسا كېرەك.

ئىلگىركى دوكلاتلار:

راند مۇئەسسەسەسى سەككىز يىلدىن بۇيان ئاتالمىش " ئىسلام خەۋپى " گە ئەھمىيەت بېرىپ كېلىۋاتقان بولۇپ بۇلار بۇ ھەقتە نەچچىلىگەن تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات خۇلاسىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ ھەممىنى بۇيەردە ئوتتۇرىغا قويۇشقا ماقالە ھەجمى تارلىق قىلىدۇ، شۇڭا بىز دوكلاتلار ئىچىدىكى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە ئەڭ كۆپ تەسىر كۆرسەتكەن ئەڭ مۇھىم دوكلاتلارنى ئەسلەپ ئۆتىمىز.

راند مۇئەسسەسەسى مىلادىيە1999-يىلى، يەنى 11-سىنتەبىر ۋەقەسىدىن ئىككى يىل ئىلگىرى "يېڭى تېرورىزىمغا قارشى كۆرەش" نامىدا بىر كىتاپ چىقارغان بولۇپ بۇ كىتاپنى ئامېرىكىلىق بىر توپ مۇتەخەسسىسلەر تەييارلاپ چىققان. كىتاپ 153بەت بولۇپ خۇددى بۇ دوكلات توغرىسىدا سالماق تەھلىل يۈرگۈزگەن كەمبىرىدىچ بېك رىپۇ نامىلىق مەركەز ئېيتقاندەك بۇ كىتاپ ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرى تەتقىقات دائىرلىرى ۋە ئاكادىمىلاردىكى ، ياكى سىياسەت ۋە ئىستىراتىگىيە دائىرلىرىدىكى، ئىيان لىسىر، بىرۇس ھوپمان،دېيۋىد رونپىلت ، جون ئاركۇيلا ۋە مايكىل زانىينى قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئەڭ مۇھىم " تېرور " مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى خۇلاسىسى ئىدى. بۇ كىتاپ، " يېڭى تېرورىزىم" ئامېرىكىغا مۇئەييەن ئىستىراتىگىلىك تەھدىد ئېلىپ كېلەمدۇ ياقمۇ؟ دىگەن سوئالغا جاۋاپ بېرىشكە تىرىشقان. شۇنداقلا

كىتاپتا " يېڭى تىرورىزىم" نىڭ ئوتتۇرىشەرىققە مەركەزلىشىدىغانلىقى ۋە ئامرىكا بىلەن ئىسرائىلىيەنىڭ مەنپەئەتىگە تەھدىد بولىدىغانلىقىغا ئىشارە قىلغان.

راند مۇئەسسەسەسى يەنە 11 ـ سىنتەبىردىن كېيىن 2004 يىلى، " 11 ـ سىنتەبىردىن كېيىنكى مۇسۇلمانلار دۇنياسى" نامىدا 500بەتلىك بىر دوكىلات تەييارلاپ چىقارغان بولۇپ ئۇنىڭدا ئامرىكا سىياسىتىنى بەلگىلىگۈچىلەرگە هازىرقى ئىسلام دۇنياسىدا يۈز بىرۋاتقان هادىسىلەرگە نىسپەتەن ئەتراپلىق تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ياردەم بىرىش نىشانى بويىچە11 ـ سىنتەبىر دىن ئىبارەت بۇ ۋەقە ئىسلامنىڭ نۆۋەتتىكى دىنى ۋە سىياسى مەيدانلاردىكى رولىدا دولقۇنلارنى پەيدا قىلىشىغا ئېلىپ كېلىدىغان دىنامىكىلىق هەركەتلەرنى تەتقىق قىلىشنى مەقسەت قىلغان. بۇ تەتقىقاتنىڭ بىرىنچى نۇقتىسىدا سىياسەت بىلىملىرى مۇتەخەسسىسى ئوتتۇرغا قويغان بويىچە ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئوخشاش بولمىغان رايۇنلىرىدىكى هەرخىل ئىدىئولوگىيە يۆنىلىشلىرىنىڭ ئەتراپلىق خەرىتىلىرى سىزىپ چىقىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا كۆرسەتكەن بويىچە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىگە قارمۇ ـ قارشى تەرىپى پەقەت دىنى ساهەدىلا بولماستىن بەلكى هۆكۈمەت، قانۇن، ئىنسان هوقۇقلىرى، ئاياللار هوقۇقى ۋە مائارىپ قاتارلىق بىر قاتار سىياسى ۋە ئىجتىمائى مەسىلىلەردە هەم قارىمۇ ـ قارشى ئىكەنلىگى كۆرسىتىلگەن. شۇنداقلا بۇ تەتقىقاتچىنىڭ ئوتتۇرغا قويۇشىچە بۇ خىل تەتقىقات" مۆتىدىل" ئىسلام بىلەن " سىكۇلارىزىم " ئوتتۇرىسىدا سۇننى بارابەرلىك پەيدا قىلىدىكەن . شۇنداقلا ئىسلام دۇنياسىنى جۇغراپىيەلىك تەقسىملەر بويىچە بۇ رايۇننى " سەلەپى" يەنە بىر رايۇننى " رادىكال" ۋە يەنە بىرىنى " مۆتىدىل" دەيدىغان مەجبۇرى بۆلۈنمىنى مەيدانغا چىقىرىدىكەن. ئىككىنچى نۇقتىسىدا مۇسۇلمانلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن بولغان ئۆز ئارا ئىختىلاپلىرى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ بۇنىڭدا " شىيئە " ۋە " سۇننى " ئىختىلاپى ۋە " ئەرەپ " ۋە "غەيرى ئەرەپ" ئىختىلاپى دىگەن ئاساسى ئىككى ئىختىلاپ سۆزلەنگەن. شۇنداقلا ئامرىكا قۇشما شتاتلىرى تەس بولسىمۇ ئىران شىيئەلىرىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئىراق شىيئەلىرىنى قوللايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىشى كېرەكلىكى خۇلاسىلەنگەن.

راند مۇئەسسەسەسى 2005 ـ يىلى فىۋرالدا يەنە " زامانىۋى دىمۇكراتچە ئىسلام؛ شىرىكلەر، خام ئەشيا بازىلىرى ۋە ئىستراتىگىيەلەر" دىگەن نامدا بىر دوكىلات چىقارغان بولۇپ بۇ دوكىلاتنىڭ قارشچە ئىسلامنىڭ هەرقانداق ئۆزگەرتىشكە قاتتىق توسالغۇ بولۇشتىن ئىبارەت رايۇندىكى خاراكتىرىنى بىلىپ يەتمەي تۇرۇپ تەلەپتىكىدەك ئىسلاھ قىلىشنى مەيدانغا كەلتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

شۇنداقلا بۇنىڭ چارىسى مۇسۇلمانلارغا تۆۋەندىكى تۆرت گۇرۇھ بويىچە نەزەر تاشلاش ئىچىگە يۇشۇرۇنغان.

1 ـ ئەسلىيەتچى مۇسۇلمانلار.

2 ـ ئەنئەنىۋى مۇسۇلمانلار.

3 ـ يېڭىلىق پەرەس مۇسۇلمانلار.

4 ـ سىكۇلارىزىمچى مۇسۇلمانلار.

راند مەركىزىنىڭ دېيىشچە ئەسلىيەتچى مۇسۇلمانلار چوقۇم يىلتىزىدىن يوقۇتۇپ تاشلىنىشى لازىم، ئۇلارنى يوقۇتۇش ئۈچۈن ئۇرۇش ئېچىش ۋە بارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىش لازىم. ئۇلارنىڭ تىرىكىدىن ئۆلىكى ياخشى. چۈنكى ئۇلار دىمۇكراتىنى ۋە غەرىپ دۇنياسىنى دۈشمەن كۆرىدۇ. ۋە ئاتالمىش جىهادنى ۋە قۇرئاننى ئىنچىكە تەپسىرلەشنى چىڭ تۇتىدۇ. شۇنداقلا ئۇلار ئىسلام خەلىپىلىگىنى قايتا قۇرۇشنى كۆزلەيدۇ. ۋە ئۇلاردىن هەزەر ئەيلەش لازىم. چۈنكى ئۇلار ئۆز نىشانىغا يىتىشتە ئىلىم ـ پەن ۋە زامانىۋى ۋاستىلەرنى قوللۇنۇشقا قارشى ئەمەس. ئۇلار هۆججەت ـ پاكىت قويۇش ۋە مۇنازىرىلەردە كۈچلۈك. بۇ قاتارغا سەلەپىي سۈننىيلەرمۇ ۋە بازا تەشكىلاتى ئەگەشكۈچىلىرى، ئۇلارنىڭ هىمايىچىلىرى ۋە ئۇلارغا هېسىداشلىق قىلغۇچىلار شۇنداقلا ۋاههابىلارمۇ كىرىدۇ.

راند مەركىزىنىڭ دېيىشچە ، ئەنئەنىۋى مۇسۇلمانلارغا هەرگىزمۇ ئەسلىيەتچى مۇسۇلمانلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ قىلىش پۇرسىتى بەرمەسلىك كېرەك، ئەسلىيەتچىلەرنىڭ پىرىنسىپلىرىغا گۇماندا بولۇشى ئۈچۈن ۋە ئۇلارغا ئوخشاش هۆججەتتە، مۇنازىرىدە كۈچلۈك بولۇش دەرىجىسىگە يىتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن

داۋاملىق ئۇلارغا مەدەنىيەت تەلىم ـ تەربىيەسى بېرىش ۋە ئىقتىسادى جەھەتتىن قوللاش لازىم. بۇ ساھەدە سوپىلىق يۆنىلىشىدىكىلەرنى ۋە شىيئەلەرنى ئالاھىدە ھەركەتكە كەلتۈرۈش لازىم. چۈنكى ئىبنى خەلدۇن مۇنداق دىگەن:؛ ئەگەر شىيئەلىك بولمىغاندا سوپىلىق بولمىغان بولاتتى،  ۋە يەنە بولۇپمۇ بۇ ئەنئەنىۋى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدىكى زامانىۋىلىقنى قوغلاشقۇچىلارنى قاتتىق قوللاش بىلەن بىرگە، ۋاھھابىلار، ئەلقائىدىچىلەر ئاساسلىنىدىغان ھەنبەلى مەزھىبى پەتۋالىرىنىڭ قارشىسىغا ھەنەپى مەزھىبى پەتۋالىرىنى تارقىتىشنى قوللاش لازىم.

بۇ دوكلات ئەسلىيەتچىلەرگە قارشى ئەنئەنىۋى مۇسۇلمانلارنى قوللاشتا غەرىپ دۇنياسىدىكى مۇسۇلمانلار، دىندارلار، ياشلار ۋە ئاياللارغا ئەسلىيەتچىلەرنى تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىشكە تىرىشىشنىڭ مۇھىملىقى تەكىتلەنگەن:

1 ـ ئىسلام توغرىسىدىكى نەزىرىيەلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاش.

2 ـ ئۇلارنى داۋاملىق قانۇنسىز ، گۇمانلىق ئالاقىلارغا چېتىپ كۆرسىتىش.

3 ـ ئۇلار قوللىنىۋاتقان قوپال ۋاستىلەرنىڭ خەتەرلىك، يامان ئاقىۋىتىدىن ئەنسىرىتىش.

4 ـ ئۇلارنى باشقۇرۇش ئىشلىرىنى بىلمەيدىغان  قابىلىيەتسىز ، دىندىمۇ جاھىل ، سەۋىيەسىز ، قالاق كۆرسىتىش.

5 ـ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى زىددىيەتلىك ئامىللارنى راۋاجلاندۇرۇش.

6 ـ مۇخبىر ۋە يازغۇچىلارنى ئۇلارنىڭ ئابرۇيىنى تۆكىدىغان، شەنىگە داغ تەككۈزىدىغان، بۇزغۇنچى، مۇناپىق، ئەخلاقسىز كۆرسىتىدىغان مەلۇماتلارنى توپلاشقا ئۈندەش.

7 ـ ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا قىلچە ھۆرمەت كۆرسىتىپ قىلىشتىن قاتتىق يىراق بولۇش. ئۇلارنى بىرەر كىشىنىڭ ھىمايە قىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن قەھرىمانلاردەك كۆرسەتمەستىن داۋاملىق قورقۇنچاق، ۋەھشى ، ئەقلى جەھەتتىن نۇرمال ئەمەس، كۆرسىتىش.

راند مۇئەسسەسەسى ئۆتكەن يىلى يەنە " ئەلقائىدىدىن كېيىن " دىگەن ماۋزۇدا ئىككى توملۇق بىر تەتقىقات نەتىجىسىنى ئېلان قىلدى. بىرىنچىسىدە خەلق ئارا جىھاد ھەركىتىنى چۆرىدەپ ئىزدىنىش ئېلىپ بارغان، ئىككىنچىسىدە تىرورىزىم دۇنياسىنىڭ تاشقى شايكىلىرى ھەققىدە بولۇپ بۇ ئىككى توملۇق خۇلاسە ئۇمۇمەن چوڭ تۆت تېمىغا بۆلۈنگەن:

بىرىنچى تېما: ئەلقائىدە ئۇنىڭ ئەقىدىسى ، ئىستىراتىگىيىسى، تاكتىكىلىرى، ئىقتىسادى مەنبەسى، ئۇرۇش ئوپىراتسىيەلىرى، شەخسلەرنىڭ ئالمىشىشى ۋە كەلگۈسىدىكى ئېھتىماللىقلار دىگەن نۇقتىلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان.

ئىككىنچى تېما: ئەلقائىدىنىڭ ئىدىئولوگىيىسىنى قوبۇل قىلغان ئەمما ئۇنىڭغا رەسمى چېتىشلىقى بولمىغان خەلق ئارادىكى باشقا جىھاد جامائەتلىرى ھەققىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان.

ئۈچىنچى تېما: ھاماس ۋە ھىزبۇللاغا ئوخشاش ئىسلامى ياكى باشقا ئىسلامى بولمىغان ۋە ئەلقائىدە بىلەن ئېنىق چېتىشلىقى بولمىغان لېكىن ئامرىكا ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە تەھدىد ئېلىپ كېلىدىغان دۇنيادىكى ھەرقايسى تىرورىزىم جامائەتلىرى توغرىسىدا ئىزدىنىش ئېلىپ بارغان.

ئاخىرقى تېما: تەشكىللىك جىنايەتلەر بىلەن تىرورىزىمنىڭ ئالاقىسى جۈملىدىن تىرورىستلار ئۆز ھەركەتلىرىنى ئىقتىسات بىلەن تەمىن ئېتىش ئۈچۈن تەشكىللىك جىنايەتچىلەرنى ئىشقا سېلىش يوللىرىنى تەھلىل قىلغان.

بۇ تەتقىقات نەتىجىسىنى تەييارلاشقا " ئانگىل راباسا" يېتەكچىلىق قىلغان بولۇپ بىزنىڭ بۇ ماقالە تەھلىل قىلىدىغان تەتقىقات خۇلاسىسىنىمۇ شۇ تەييارلىغان. مەزكۇر تەتقىقات نەتىجىسى ئامرىكا قوشماشتاتلىرىنى ئەلقائىدىگە يار ـ يۆلەك بولۇش مەنبەلىرىنىڭ دائىرىلىرىنى تېخىمۇ ئىسكەنجىگە ئېلىش خىزمىتىنى كەڭ دائىرىدە قانات يايدۇرۇشقا بولۇپمۇ ئىسلام ئەللىرىدە چىڭ تۇتۇشقا چاقىرىپ مۇنداق دەيدۇ: ئەلقائىدە يەنى

خەلقئارالىق جىھادقا قارشى كۆرەشنىڭ غەلبىسى ئالەمشۇمۇل جىھاد قىلىش ئىدىئولوگىيىسىگە ھۇجۇم قىلىش ، جىھاد جامائەتلىرىنىڭ ئۆز ئارا ئالاقىسىنى ئۈزۈۋېتىش ۋە جىھادى ھەركەتلەرتەھدىدىگە قارشى تۇرىۋاتقان دۆلەتلەرنى قوللاپ ھەرجەھەتتىن ھىمايە قىلىش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ تەتقىقات نەتىجىسى مۇنداق دەيدۇ: جىھاد ئەقىدىسى ھەقىقەتەن ئىسلام دۇنياسىدا تېخىمۇ مەقبۇللۇققا ئېرىشىپ داۋاملىق قانات يايماقتا. بۇ بولسا تىرورىستلارنىڭ ئەلقائىدە سېپىنى تېخىمۇ كۆپلەپ يېڭىلىشى بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. ئەگەر بۇ خىل ئەقىدىنىڭ راستىلىقىغا تىغ ئۇرۇلسا ئەلقائىدە ئۆزلىگىدىن يىمىرىلىپ ھالاك بولىدۇ.

بۇ تەتقىقات نەتىجىسى يەنە تىرورىزىمغا قارشى تۇرۇشنىڭ ئەنئەنىۋى يوللىرى ئەلقائىدىنى مەغلۇپ قىلىشقا يېتەرلىك بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، ئەلقائىدە بىلەن بولغان كۆرەش خاراكتىرىنىڭ سىياسى ۋە ئىدىئولوگىيە كۆرىشى ئىكەنلىكىنى چۈشۈنۈش لازىملىقىنى ئوتتۇرغا قويغان بولۇپ بۇ ھەقتە " راباسا" مۇنداق دەيدۇ : خەلقئارالىق جىھاد ھەركىتى رادىكال ئىدىئولوگىيىلىك ھەركەتتۇر. ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئەڭ قۇلاي دەرىجىدىكى پىكىر ئۇرۇشى بىلەن بولىدۇ. بۇ تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ دېيىشىچە بۇنىڭدىن مەقسەت ئەلقائىدىنى ئۆزى ھازىر ئەڭ يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئىشقا سېلىۋاتقان ئىسلامى خىتاپ ۋە سىياسى خىتاپلاردىن پايدىلىنىپ كېتىشتىن توسۇش ئىكەن. بۇ تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ قارىشىچە خەلقئارالىق جىھاد ئەقىدىسىنى سىرتتىن ئىسكەنجىگە ئېلىش بەسى مۇشكۇل بولۇپ بۇنىڭدا ئەلقائىدە ئاللىقاچان مۇسۇلمانلارنى غەرپكە قارشى سەپەرۋەر قىلىپ بولغان لېكىن ئالەمشۇمۇل ھەركەت قىلىش پىكرىدە ئەلقائىدە بىلەن جىھاد جامائەتلىرىنىڭ ھەممىسىمۇ ئورتاق بولۇپ كەتمىگەن، دەل مۇشۇ سەۋەپتىن بۇ تەتقىقات ئامرىكا قوشماشتاتلىرىنى خەلق ئارالىق جىھاد ھەركىتى بىلەن يەرلىك جىھادى ھەركەتلەر ئارىسىدىكى ئالاقىنى ئۈزۈۋېتىشكە چاقىرىدۇ. بۇ بولسا خەلقئارالىق جىھاد ھەركىتى بولغان ئەلقائىدە بىلەن غەرپكە تەھدىد بولمايدىغان يەرلىك جىھاد جامائەتلىرىنىڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپىنى تەكىتلەپ تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. تەكىتلەيدىغان مۇھىم نۇقتىلارنىڭ بىرى شۇكى ئەلقائىدە قۇرۇپ چىقىشقا تىرىشىۋاتقان ئىسلام دۆلىتى باشقا ئىسلامى ئېقىملارنى يىراقلاشتۇرۇپ ئۆزىگە يېقىن يولاتمايدىغانلىقىنى بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئامرىكىنىڭ تىرورۇرجامائەتلىرىگە قارشى كۆرەش قىلىشقا تىرىشىۋاتقانلىقىنى نامايان قىلىش. شۇنداقلا يەرلىك دۇست ۋە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنى تىرور تەھدىدىگە قارشى ھەرخىل مەسلەھەت، تەتقىقات دوكلاتلىرى، سىياسى تەھلىل ۋە مەخپى ئاخباراتلار بىلەن تەمىنلەپ قوللاپ - قۇۋۋەتلەش.

راند مۇئەسسەسەسىنىڭ بىز ئاساسى تەھلىل قىلماقچى بولىۋاتقان " مۆتىدىل مۇسۇلمانلار تورى قۇرۇش" ماۋزۇلۇق ھىجرىيە 1428 -يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيى مىلادىيە 2007 -يىلى 3 -ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا چىقىرىلغان بۇ دوكلاتتىكى ئىگىركىلىرىگە ئوخشمايدىغان يېڭىلىق، ماقالىنىڭ باش قىسمىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك سابىق سوغۇق ئۇرۇشلار دەۋرىدىكى كومۇنىزىم پىكرىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۆرەش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ بۇگۈنكى ئىسلام ئېدىئولوگىيىسىگە قارشى ئەملى ئىشقا سېلىش ۋە ئىسلام دۇنياسىدا سىكۇلارىزىم، لىبرالىزىم ۋە مودىرنىزىم تەرەپدارلىرىنى مەيدانغا چىقىرىش شۇنداقلا ئىسلامدىكى " مۆتىدىللىق " نى ئامرىكىچە چۈشەندۇرۇش ۋە ئامرىكا بىلەن كىمنىڭ ھەمكارلىشىدىغان ياكى كىمنىڭ ھەمكارلاشمايدىغانلىقىنى سىناش ئۈچۈن مەخسۇس پىرىنسىپلارنى بەلگىلەش قاتارلىق نۇقتىلىق رىئال تېملار ئوتتۇرغا قويۇلغان.

بۇ دوكلاتنى راند مەركىزىدە ئىشلەيدىغان ئامرىكىلىق بىر توپ مۇتەخەسسىسلار تەييارلىغان بولۇپ ئۇلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەنلىرىدىن بىرى " ئانگىل راباسا" بولۇپ ئۇ بىر تەتقىقاتچى ئاكادىمىك بولۇشى بىلەن بىرگە ئىلگىرى ئامرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىگى ۋە مۇداپىئە مىنىستىرلىكلىرىدە بىر قاتار مۇھىم مەنسەپلەردە بولغان، ئۆزى ئامرىكا ھارۋارد ئۇنىۋېرستىتى تەرىپىدىن دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، ئىنگىلىز تىلىدىن باشقا فارانسۇزچە،ئىتالىيەچە، گىرىكچە ۋە ئىسپانچە تۆت تىلنى پىششىق بىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىسلام دۇنياسى توغرىسىدا بىر قاتار كىتاپلىرى ۋە تەتقىقاتلىرى بار.

بىر مۇقەددىمە، توققۇز بولۇم ۋە بىر خۇلاسە بولۇپ 217بەتتىن تەركىب تاپقان بۇ دوكلات ئىسلام بىلەن غەرب ئارىسىدىكى ئىدىئولوگىيە كۆرىشىنىڭ خاراكتېرىنى بۇرۇنقى كاپىرلىق دۇنياسىنىڭ شەرق ۋە غەرب لاگېرلىرى ئارىسىدىكى سوغۇق ئۇرۇشلەرشەكلىدىكىگە ئوخشاش ئىسلام دۇنياسى بىرتەرەپتە غەرب ئەللىرى بىر تەرەپتە بولغان يەنە بىرخىل كۆرەشكە ھالىتىگە ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنىدۇ. بۇ دوكلات ھازىرقى كۆرەش ئەسكىرى ۋە بىخەتەرلىك قىسىملىرى كۆرىشى بولۇش بىلەن بىرگە ئىدىئولوگىيە كۆرىشى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ تىرورىزىم بىلەن بولغان جەڭ غەلىبىسى پەقەت ئەسكىرى ۋە بىخەتەرلىك ساھەسى ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشمايدۇ بەلكى ئەڭ مۇھىم بولغىنى دوكلات رادىكال ھېساپلىغان پىكىر ساھەسىدىكى ئىسلام ئىدىلوگىيەسىنى مەغلۇپ قىلىشتۇرەپ كۆرسىتىدۇ. دوكلاتنىڭ قارىشىچە بۇ بىر تەبىئى كۆرەش بولۇپ بۇنىڭدا ئىلگىركى سوغۇق ئۇرۇشلار دەۋرىدىكى كومۇنىزىم ئىدىئولوگىيىسى بىلەن بولغان كۆرەشتىن ئالغان تەجرىبىلەرنىڭ كارغا كېلىدىغانلىرىنى تېپىپ چىقىپ ئىسلام دۇنياسى بىلەن بولغان كۆرەشنىڭ تىزگىنىنى قولغا ئېلىش ئۇچۇن يېڭى ۋاستىلەر، يېڭى پىلانلار، يېڭى قۇراللار ۋە يېڭى پىرگىراممىلار بىلەن قايتا ئىشقا سېلىش بۇرۇنقى غەلىبە سەۋەپلىرىنى ئىنچىكە ئىزدەپ ئۇنى ھازىر كارغا كېلىدىغان يېڭى تەلىماتقا ئايلاندۇرۇش. دوكلاتتا بۇ ھەقتە مەخسۇس بىر باپ ئاجرىتىپ بۇرۇنقى كومۇنىزىم ئېقىمىغا قارشى قىلىنغان ئىدىلوگىيە مەركىسى بىلەن ھازىرقى ئىسلام دۇنياسى بىلەن بولغان نۆۋەتتىكى كۆرەشنى مۇرەككەپ ھالدا سېلىشتۇرۇپ چىققان. شۇنىڭدەك بۇ دوكلاتنىڭ قارىشىچە ئىسلامنى تەپسىرلەشنى ئىسلامچى ئېقىمنىڭ قولىدىن ئېلىۋېلىپ بۇگۈنكى كۈندىكى دىموكراتىيە ، ئىنسان ھوقۇقلىرى، ئاياللار مەسىلىلىرى قاتارلىق ساھەلەردە رىئاللىققا ماس خەلقئارا قانۇن، نىزاملارغا توغرا كېلىدىغان قىلىپ تۈزۈپ چىقىش ناھايتى ئەھمىيەتلىك ئىكەن.

بۇ دوكلات ئاساسى كۈچىنى ئىسلامدىكى مۆتىدىللىكنى ئېنىق ۋە نۇقتىلىق قىلىپ ئامرىكىچە چۈشەندۈرىدىغان تونۇشتۇرۇش ئىجات قىلىش ۋە بۇ غەرب ئەللىرى تەرىپىدىن ئىزچىل قوللىنىلىپ ئىسلام دۇنياسىدىكى" مۆتىدىللىك" داۋاسى قىلغۇاتقانلارنىڭ ئامرىكىچە " مۆتىدىللىك" كە چۈشىدىغان ياكى چۈشمەيدىغانلىقىنى ئايرىشتىكى قېلىپ ۋە ئەندىزىسى بولۇشنىڭ ئەھمىيىتىگە مەركەزلەشتۇرگەن. دوكلات يەنە دوكلاتتىكى بۇ خىل " مۆتىدىللىك" ئۆلچەملىرىنىڭ ئامرىكا سىياستىگە خىزمەت قىلىشتىكى ئەڭ مۇھىم ئامىللار ئىكەنلىكى شۇنداقلا ئامرىكا بۇنىڭغا ئاساسەن پەقەت ئامرىكا تەپسىرىدىكى " مۆتىدىللىك" كە چۈشىدىغان شەخس ۋە ئورگانلارنىلا قوللىشى لازىملىقى ئىلگىرى سۇرگەن.

بىزمۇ بۇ ماقالىدە دوكلاتتىكى باشقا مۇھىم نۇقتىلارنىڭ پات ئارىدا تەكشۈرۈلۈپ چىقىشىنى جىددى ئۈمىت قىلغان ھالدا دوكلات ئاساسلىق كۈچىنى مەركەزلەشتۇرگەن ئاشۇ ئامرىكىچە " مۆتىدىللىك" ئۆلچەملىرىنى نۇقتىلىق تەھلىل قىلىمىز :

ئامرىكىچە " مۆتىدىللىك " چۈشەنچىسى دېگەن نىمە؟

تەتقىقاتلارنىڭ كۆرسىتىشچە ئامرىكا قۇشماشىتاتلىرىنىڭ بىرىنچى قەدەمدىكى نۇقتىلىق ئاساسى خىزمىتى " مۆتىدىل مۇسۇلمانلار تورى قۇرۇش" بولۇپ، بۇ بولسا بۇخىل مۇسۇلمانلارنىڭ سالاھىيتىنى ۋە سۈپەت ئۆلچەملىرىنى بەلگىلەشكە باغلىق. بۇنى بەلگىلەشكە قولايلىق توغدۇرۇش ئۇچۇن راند جەمىيتىنىڭ بەزى مۇتەخەسسىسلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ تەركىبىنى ئايرىشتا ئىلگىركى قوللانغان بەزى پىرىنسىپلەردىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ. مۇشۇ مەخسەتتە دوكلات "مۆتىدىل مۇسۇلمانلار" نىڭ خاراكتىرىنى بەلگىلەيدىغان بىرقىسىم ئۆلچەملەرنى ئوتتۇرغا قويغان بولۇپ ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1 - دېموكراتىيەنى قۇبۇل قىلىش:

غەرب دېموكراتىيەسىنى قۇبۇل قىلىش بولسا مۆتىدىل مۇسۇلمانلارنى تونۇشتىكى مۇھىم بەلگىلەرنىڭ بىرىدۇر؛ بەزى مۇسۇلمانلارغەرىپچە دېموكراتىيە نۇسخىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. يەنە بەزى مۇسۇلمانلار بولسا ئۇنىڭ ئىسلام باش پىرىنسىپلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان يەرلىرىنى، بولۇپمۇ " شۇرا" (كېڭەش) پىرىنسىپىنى

دېموكراتىيەگە مەزمۇنداش دەپ قاراپ قۇبۇل قىلىدۇ، دېموكراتىيەنى قۇبۇل قىلىپ ئىشىنىش دېمەك ئىسلام دۆلىتى پىكرىدىن ۋاز كېچىش دېمەكتۇر.

**2 ـ قانۇن تۈزۈشتە ھېچ بىر كۆز قاراشقا باغلانمىغان مەنبەلەرنى قۇبۇل قىلىش:**

تەتقىقاتلار شۇنى كۆرسىتىدۇكى " مۆتىدىل ئىسلامچىلار " بىلەن رادىكال ئىسلامچىلارنىڭ ئاساسلىق پەرقلىرىنىڭ بىرى بولسا ، ئۇنىڭ شەرىئەتنى تەدبىقلاش مەسىلىسىگە بولغان مەيدانىدۇر. تەتقىقاتلار تەكىتلەيدۇكى شەرىئەتنىڭ ئەنئەنەۋى تەپسىرلىرى دېموكراتىيە باش پىرىنسىپلىرى بىلەن ماس كەلمەيدۇ ۋە ئىنسان ھۆقۇقلىرىنى ھۆرمەت قىلمايدۇ.  دوكلات بۇنىڭغا سۇدانلىق يازغۇچى ئابدۇللا نەئىمنىڭ ماقالىسىدىن ئۈزۈندە ئېلىپ دەلىللەيدۇ. ئۇ يازغۇچى ماقالىسىدە مۇنداق دېگەن: ئىسلام شەرىئىتىدە ئەر، ئاياللار ۋە مۆمىن ، مۆمىن ئەمەسلەر بارابەر ھوقۇققا ئىگە ئەمەس.

**3 ـ ئاياللار ھوقۇقىنى ۋە باشقا ئېتىقادتىكى ئاز سانلىقلارنى ھۆرمەت قىلىش:**

بۇ توغرىدا تەتقىقاتلار شۇنى كۆرسىتىدۇكى " مۆتىدىل ئىسلامچىلار" ئاياللارنى ۋە ئوخشاش بولمىغان باشقا ئېتىقادتىكى ئازسانلىقلارنى كۆپراق قۇبۇل قىلىدۇ. ۋە ھازىرقى ئىجتىمائى مۇھىتنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام زامانىغا ئوخشاش بولمىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ قۇرئاندىكى ئاياللار بىلەن باشقا دىندىكىلەرگە چەكلىگەن ئايرىم مۇئامىلە قىلىش قانۇنلىرىغا قايتىدىن قاراپ چىقىشقا بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

**4 ـ تېرورىزىمغا ۋە قانۇنسىز كۈچ ئىشلىتىشكە قارشى تۇرۇش:**

تەتقىقاتلار شۇنى تەكىتلەيدۇكى بىر قىسىم " مۆتىدىل ئىسلامچىلار"  باشقا كۆپۈنچە دىنلاردىكىدەك " ئادالەت ئۇرۇشى" ئەقىدىسىگە ئىشىنىدۇ. لېكىن كۈچ ئىشلىتىشنىڭ قاچان قانۇنلۇق بولىدىغانلىقى ۋە قاچان قانۇنسىز بولىدىغانلىقىغا بولغان مەيدانىغا ئاساسەن قايسى تىپقا تەۋەلىكىنى بەلگىلەش لازىم.

**" مۆتىدىللىك " توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان سىناق:**

دوكلات بەشىنچى بۆلۈمدە " مۆتىدىللىك " ئۆلچىمى سۈپىتىدە بىرتوپ سوئاللارنى ئوتتۇرغا قويغان بولۇپ بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابى بىرەر شەخس ياكى بىرەر جامائەتنى " مۆتىدىللىك " بىلەن سۈپەتلەش مۇمكىنمۇياكى مۇمكىن ئەمەسمۇ دېگەننى بەلگىلەيدۇ. بۇ دوكلات يەنە ئىسلامى ئېقىملار بەزىدە ئۆزىنىڭ "مۆتىدىل" ئىكەنلىكىنى داۋا قىلىسمۇ لېكىن بۇنىڭدا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس چۈشەندۈرۈشنىڭ بارلىقىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ بۇنىڭ چارىسى ئىتتىپاقداش كۈچلەر ئۆز ئارا بىرلىككە كەلگەن بىر توپ سوئاللار تىزىملىكى بولۇش ئىكەنلىكىنى شۇنداقلا بۇ ئارقىلىق " مۆتىدىللىك " داۋاسى قىلىۋاتقان ياكى " مۆتىدىل "لەر قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىشنى تەلەپ قىلىۋاتقان ئىسلامى ئېقىمدىكى شەخس ۋە جامائەتلەرنىڭ ھەقىقى نىيىتىنى ئاشكارىلىغىلى بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ، " مۆتىدىللىك " مۇئامىلىسى پەقەت ئىتتىپاقداشلاربىرلىككە كەلگەن سوئاللارنىڭ جاۋابى ئارقىلىق مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەنلەرگىلا قىلىنىشى لازىملىقىنى جىكىلەپ ئۇمۇمەن ئامېرىكىچە " مۆتىدىللىك"نىڭ ئاساسى نۇقتىلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان تۆۋەندىكى 11سوئالنى ئوتتۇرغا قويغان :

1 ـ مەلۇم شەخس ياكى جامائەت قوپال ۋاستىلەر بىلەن شۇغۇللىنامدۇ ياكى ئۇنى قۇبۇل قىلامدۇ؟ گەرچە ھازىر زوراۋانلىق ۋاستىلىرىنى قوللىمىسىمۇ ياكى شۇغۇللانمىسىمۇ ئىلگىرى شۇغۇللانغانمۇ ياكى قۇبۇل قىلامتى ؟

2 ـ دېموكراتىيەنى قوللامدۇ ؟ ئەگەر قوللىسا ئۇنى كىشىلىك ھوقۇقنىڭ بارلىق تەرەپلىرىگە چېتىلىدىغان كەڭ دائىرىدىكى مەنىسى بويىچە چۈشىنىپ قوللامدۇ؟

3 ـ خەلقئارادا بىرلىككە كىلىنگەن ئىنسان ھوقۇقلىرىنى قوللامدۇ؟

4 ـ ئىنسان ھوقۇقلىرى توغرىسىدىكى دىنى ئەركىنلىك ھەققىدە ئايرىم پىكرى بارمۇ ؟

5 ـ دىنىنى ئالماشتۇرۇشنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىكەنلىكىگە ئىشىنەمدۇ؟

6- جىنايى ئىشلار جازالىرىدىكى شەرىئەت قانۇنىنى تەدبىقلاشنى دۆلەت چوقۇم مەجبۇر يۈرگۈزۈش كېرەك دەپ ئېتىقات قىلامدۇ؟

7- ھەق تەلەپ قانۇنلىرىنىڭ مەخسۇس قىسىملىرىدا دۆلەت شەرىئەتنى مەجبۇرى ئىجرا قىلىشى لازىم دەپ ئېتىقات قىلامدۇ؟ مەسىلىسنى دىنسىز قانۇنلەر بويىچە بىرتەرەپ قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرگە شەرىئەتكە ئاساسلانمايدىغان قانۇنلارنى تۈزۈش ئىختىيارلىقى بېرىلىشى كېرەكلىكىنى ئېتىراپ قىلامدۇ؟

8- غەيرى دىندىكى ئاز سانلىقلارمۇ، مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش تامامەن تولۇق ھوقۇقىقا ئىگە بولىشى لازىملىقىنى ئېتىراپ قىلامدۇ؟

9- ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمى مۇسۇلمان بولغان بىر دۆلەتتە غەيرى دىندىكى ئاز سانلىق كىشىلەردىن بولغان بىر كىشىنىڭ دۆلەت ئالى ئورگانلىرىدا مەنسەپ تۇتۇش ھەققى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلامدۇ؟

10- ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمى مۇسۇلمان بولغان بىر دۆلەتتە يەھۇدىلار ۋە باشقا غەيرى دىندىكىلەر ئۆزىگە خاس ئىبادەتخانا بىنا قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە دەپ ئېتىراپ قىلامدۇ؟

11- ئېتىقاتسىزلىق باش پىرىنسىپلىرى ئاساسىدا قۇرۇلغان دۆلەت قانۇن تۈزۈملىرىنى قوبۇل قىلامدۇ؟

يۇقۇرقى سۇئالاردىن تەركىپ تاپقان بۇ لايىھەنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشى دەرھال ئامرىكىچە "مۆتىدىللىك" چۈشەنچىسىدە خەلقئارالىق " مۆتىدىللىك" دەۋاسى ئاستىدا مۇسۇلمانلارنى ئىسلامدىن يىراقلاشتۇرۇش بەدىلىگە پەقەت ئامرىكىنىڭ پايدا-مەنپەئەتىلا كۆزلەنگەنلىكىنى كۆرىۋالالايدۇ. دىمەك بىز ھازىردىن باشلاپ ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلار جەمىيىتى ئىچىدە ئىسلام شەرىئىتى سەپەرۋەر قىلىغان مىھرى-شەپقەت ۋە ئوتتۇرھاللىق باش قائىدىلىرىگە ئاساسلانمايدىغان بەلكى ھەممە كىشى شەرتسىز قوبۇل قىلىدىغان خەق ئارالىق ئاساسى قانۇنلار سۈپىتىدە تەقدىم قىلىنىدىغان ، غەرىپچە تۈپ نىزام-نامە بولۇپ مەيدانغا چىقىدىغان، بىزگە يات بىر خىل " مۆتىدىللىك" چۈشەنچىسى تەشۋىقاتى دولقۇنى ئالدىدا تۇرۇۋېتىمىز.

بۇ تەۋسىيەلەر قارارلاشتۇرۇلۇپ خەلق ئارا پىكىر ساھەسىگە كىرىپ كەلسە خۇددى ئىلگىرى ئىنسان ھوقۇقلىرى نامىدا ئوتتۇرغا چىقىپ كېيىنچە ئوخشاش جىنسلىقلارنىڭ شەھۋەت قاندۇرۇش ھوقۇقى شۇنداقلا ئەخلاق، ئەنئەنە ۋە ئۆرپ-ئادەتلەرگە خىلاپلىق قىلىش ھوقۇقلىرىغا ئايلىنىپ قالغان ئاتالمىش ھوقۇقلارغا ئوخشاش دۇنيا خەلقىنىڭ ئۇنى رەت قىلىشىغا ھەتتا ئېتىراز بىلدۈرۈشىگە خەلقئارالىق قانۇنلارغا ۋە خەلق ئارا ئىنسان ھوقۇقلىرىغا قارشى چىققانلىق دىگەن داۋا بىلەن ھەرگىز يول قويۇلماسلىقى مۇمكىن. دىققەتنى تارتىدىغان يېرى شۇكى بۇ دوكىلات نۇرغۇن شەرىئەت تېكىستلىرىنى ئىسلام ئىلمى مىراسلىرىدىن چىقىرىپ تاشلاپ يۇقۇرقى لايىھەنى تەكىتلەپ كۈچلەندۈرۈش، بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە بۇنىڭدا رول ئېلىش ئۈچۈن يېڭى دەۋەتچىلەر ياكى دوكىلاتتا ئاتالغاندەك ياش دەۋەتچىلەرنى ئىشقا سېلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى تەكىتلىگەن. دوكىلات يەنە بۇخىل " مۆتىدىللىك" كە چاقىرىشنىڭ مەسچىتلەردىن يىراق بولىشىنى، بۇنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن تېلېۋىزور پىروگىراممىلىرى ۋە تەشۋىقات ۋاستىلىرىدا مەشھۇر، ئاڭلىغۇچىلىرى كۆپ شەخسلەرنى ئىشقا سېلىشنى تەۋسىيە قىلغان.

دوكىلات يەنە سوپى ۋە ئەنئەنىۋى ئېقىملارنى سەلەپچە(ساھابىلارنى ئۈلگە قىلغان)ئىسلامچىلارغا قارشى ئىشلىتىشنى تەۋسىيە قىلغان. بۇ دوكىلاتتا ئەنئەنىۋى ئېقىملارنى مەزھەپچىلىككە مايىل شۇنداقلا ۋاھابىلارنىڭ چاقىرىقلىرىغا خىلاپ ھالدا مازارلىقتا ناماز ئوقۇيدىغان، ئىجتىھات قىلماي قارىغۇلارچە ئەگىشىدىغان، سوپىلىققا مايىل كىشىلەر دەپ تونۇشتۇرۇلغان. دوكىلاتتا يەنە ئىسلامچىلارئېقىمىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن سوپى ۋە ئەنئەنىۋى ئېقىم بىلەن ئۆز ئارا چۈشىنىش زېمىنى ھازىرلاش غەرىپكە پايدىلىق ئىشلاردىن ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن.

دوكىلات يەنە ئىسلام دۇنياسىنى تەكشۈرۈشتىن ئېنىقلانغان خۇلاسە چۈشەنچىسى بويىچە "مۆتىدىللەر"بىلەن ھەمكارلىشىشقا تۆۋەندىكى گورۇھلارنى مەركەز قىلغان ھالدا كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ ئەھمىيىتىنى تەكىتلىگەن:

1- دىنسىزلىق ۋە ئەركىنلىك تەرەپدارلىرىدىن بولغان مۇتەپەككۇرلەر ۋە ئاكادىمىكلار،

2 ـ " مۆتىدىل" يېڭى دەۋەتچىلەر.
3 ـ خەلق ئىچىدە گىپى ئۆتىدىغان ئاق ساقاللار.
4 ـ باراۋەرلىك ھوقۇقى داۋاسىدىكى ئاياللار بىرلەشمىلىرى.
5 ـ ژۇرنالىستلار، يازغۇچىلار ۋە مۇتەپەككۇرلار.

دوكلات يەنە يۇقۇردىكى گۇرۇھلار ئىچىدىن ئامرىكىچە "مۆتىدىللىك" ئۆلچىمىگە چۈشىدىغانلارنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئۇلارنىڭ مۇئەسسەسەلىرىنى ئىقتىساد ۋە باشقا جەھەتلەردىن قوللاش ۋە ئامرىكىچە " مۆتىدىللىك" ھىمايىچىلىرىدىن تەشكىل تاپقان باشقا مۇئەسسەسەلەرنى قۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش شۇنداقلا ئىسلامچىلار ئېقىمىغا قارشى تۇرىدىغان ئامرىكامەنپەتىنى ھىمايە قىلىدىغان بۇنداق مۇسسەسەلەرنى تېخىمۇ كۆپ قۇرۇشقا كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇرۇپ يوللىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ ئىجتىمائى، ئېدىيىۋى ۋە مەدەنى مۇھىت بەرپا قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىشنى كۆرسەتكەن.

دوكلاتتا كۆرسىتىشچە بۇ باسقۇچتا ئىسلامچىلار ئېقىمىغا قارشى ھەقىقى غەلبە قىلىش تەس بولغاچقا ھازىرقى مەركەزدىن ئەتراپقا كېڭىيىشتىن ئىبارەت پىكىر يۆلىنىشىنىڭ ئەكسىنى مەيدانغا چىقارغىچە كۆرەش نۇقتىسىنى مەركەزدىن ئۇنىڭ ئەتراپىغا قارىتىشقا ئەھمىيەت بىرىشكە تەۋسىيە قىلىنغان. پىكىر يۆلىنىشىنى ئەتراپتىن مەركەزگە قارىتىپ ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ياكى دوكلات تەييارلىغۇچىلار ئەركىنراق ۋە " مۆتىدىل"راق ھىساپلىغان ئىسلام ئەللىرىدىن ئەرەپ دۇنياسىنىڭ مەركىزى تەرەپكە يۈزلەندۇرۇش ئۈچۈن تەرجىمە ۋە تەشۋىقات ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىشنىڭ ئەھمىيىتى تەكىتلەنگەن. شۇنىڭدەك دوكلات، نىشانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى قوللاشقا لايىق بولغان بىرقىسىم شەخىس ۋە تەرەپلەردىن تەركىپ تاپقان "مۆتىدىللىك" ئۆلگىلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ئېچىنارلىق بولغان يېرى شۇكى دوكلات كۆرسەتكەن ئۆلگىلىك مىساللار قاتارىدا ئىسلام ئەلچىسى سەللەللاھۇئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن خىيالى دىئالوگ ئېلىپ بارغان شەرقى ـ جەنۇبى ئاسىيادا چىقىدىغان بىر ژۇرنالمۇ بار. شۇنداقلا كومىدىيە تىياتىرى ساھەسىدە ئىشلەيدىغان، سەھنىگە نىقاپ بىلەن چىقىپ ئىسلام ۋە مۇسۇلمان ئايالنى ھاقارەتلەپ يۇمۇر سۆزلىگەندىن كېيىن سەھنىدە نىقاپىنى چۆرۈپ تاشلاپ ئىچىدىكى لىپتىك ۋە كۇسار بىلەن پىقىراپ ئويۇن كۆرسەتكەن پاكىستانلىق نورۋېگىيەدە ياشايدىغان بىر ئايالمۇ بار. دوكلاتنىڭ كۆرسىتىشچە بۇلار قوللاش ۋە ئىلھاملاندۇرۇش زۈرۈر بولغان " مۆتىدىللىك"كە تەۋە ئىشلارمىش. دوكلات كۆرسەتكەن يەنە بىر ئۆلگە بولۇپ ئۇ گۇۋالىق توغرىسىدىكى ھەدىسلەرنىڭ سەھىلىگىنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلىغىنى داۋا قىلغان بىر سەئۇدى ئەرەبىستانى تور بېتىدىن ئىبارەت.

بۇ دوكلات ۋە بۇنىڭدا ئوتتۇرغا قويۇلغان " مۆتىدىللىك" كە قانداق مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ. بۇ قىسقا ماقالە ئاشۇ مۇھىم دوكلاتنى تونۇشتۇرۇشتىكى بىر مۇقەددىمىدۇر، دوكلاتتا بىز ماقالىدە تىلغا ئېلىپ بولالمىغان جىددى ئۇگۇنۇش قىلىش زۆرۈر بولغان يەنە نۇرغۇن مەسىلىلەر بار بولۇپ بۇلار ۋە بۇنىڭدىن باشقا دوكلاتلار ئوتتۇرغا قويغان سۇيقەستلەرگە تىزدىن ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش يوللىرىنى بىكىتىپ ئوتتۇرغا قويۇش لازىم ئىدى. لېكىن بىز ئۇمۇمەن مۇشۇ دوكلات ماۋزۇسىغا ئالاقىدار " مۆتىدىللىك" نى قايتا تونۇشتۇرۇپ ئۇنى ئامرىكىچە قىلىش دېگەن توغۇرلۇق تۇۋەندىكىدەك بىر قىسىم ۋەسىيەتلەرنى سۇنىمىز:

1 ـ دوكلاتنى مۇمكىن قەدەر تىزدىن تەرجىمە قىلىپ ئىسلام دۇنياسىدىكى ئالىملار، مۇتەپەككۇرلار ۋە سىياسىئۇنلاردىن بولغان قارار چىقارغۇچى كىشىلەرگە يەتكۇزۇش ۋە بۇ دوكلاتنىڭ مەقسىدى ۋە ئامرىكا ھۆكۈمىتىگە سۇنغان تەكلىپلىرىنى چۈشۈنۈشكە ياردەملىشىش.

2 ـ دوكلاتتا ئوتتۇرغا قويغان " مۆتىدىللىك " چۈشەنچىسىگە نىسبەتەن مۇناسىپ ئىلمى رەددىيە تەييارلاش ۋە بۇنداق شەرىئەت قوللانمىلىرىنىڭ غەرىپ ئەركىنلىكىگە چوقۇنغۇچىلار، سىكۇلارىزىمچىلار ۋە غەرىپلىكلەر تەرىپىدىن بولاپ كىتىلىشىدىن ئاگاھلاندۇرۇش. بۇنىڭدا ئالىملارنىڭ ئىسلام چاقىرغان ھەقىقى " مۆتىدىللىك"نى ۋە ساماۋى كىتاپلار رىغبەتلەندۇرگەن ئوتتۇرھال مۇسۇلمانچىلىقنى تەكىتلەپ شۇنداقلا

دىنىمىزلار نىڭ باشقىلارنى باستۇرۇش ۋە ئەقىللەرنى بۇزۇپ دىنلارغا قارشى تۇرۇش سىياسىتى تەشەببۇس قىلىۋاتقان " مۆتىدىللىك"نى ئىنكار قىلىپ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشى بەك مۇھىم دەپ قارايمىز.

3 ـ بۇخىل دوكىلاتلار ۋە ئۇلار ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنلارنى تونۇشتۇرۇش ۋە تەرجىمە قىلغاندا مەنالارنى ئىپادىلەشتە دىققەتلىك بولۇش شۇنداقلا بۇخىل دوكىلاتلارنى غەرىپ تەشۋىقاتلىرى ئوچۇق ئېلان قىلىشقا نىمە ئۈچۈن قىزىقمايدۇ ؟ئۇنىڭدا ئاشۇنداق ئېلمى، سۇيىقەستلىك پىلانلار جۈرئەتلىك ئوتتۇرغا قويۇلغانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى ئۇ ئىسلام دۇنياسىدىكى ئۆزلىرى ئوتتۇرغا قويغان ئاتالمىش" مۆتىدىللىك" سۈپىتىگە چۈشىدىغان شەخىشلەر ۋە مۇئەسسەسەلەر نامىلىرى بىلەن ناھايىتى ئېنىق سۈرەتلەپ بېرىلگەن بىر خىزمەت خەرىتىسى بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ؟ دىگەنلەرنى ئېزاھلاش قاتارلىقلارنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەيمىز.

4 ـ پىكىر جەھەتتىكى ھۇجۇمنى ئالدى بىلەن غەرىپ تەرەپ باشلىغانلىقىنى ۋە بۇ ھۇجۇم ئۈچۈن پىلان مەركىزى ئورگانلىرى پىكىر ـ يولىيورۇقلارنى، مەبلەغ ۋە باشقا ھازىرلىقلارنى تەييارلاۋاتقانلىقىنى،مەيلى بىز بۇنى قوبۇل قىلايلى ياكى بىرقىسىم كىشلىرىمىزگە ئوخشاش كىلىشىپ ياشاش دىئالوگلىرىغا چاقىرىشنى داۋاملاشتۇرايلى بەربىر ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش لازىم. ئىسلام ئۇممىتىگە ھەقىقەتەن ئومۇميۈزلۈك پىكىر ئۇرۇشى ئېچىلىشقا باشلىنىپ ئۇنىڭغا ئىتتىپاقداشلار تويلىنىۋاتقانلىغىنى بۇنىڭغا قارشى ئۇممەت بارلىق قاتلاملىرى بويىچە خەتەرگە لايىق ئىنكاس بىلدۈرمەي بولمايدىغانلىقىنى ۋە ھەممە ساھەلەر دۈشمەن ئىتتىپاقداشلىرىغا قارشى بىرلىكسەپ تۈزۈشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى شۇنداقلا بۇنىڭدا ئىسلام ئۇممىتى ئۆز ئارا ئىختىلاپ ۋە رىقابەت بولسۇن ياكى دۈشمەن بىلەن بولغان كۆرەش بولسۇن شەرىئەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك قائىدە ـ تۈزۈملىرىگە قاتتىق رىئايە قىلىشى لازىملىقىنى بايان قىلىش كىرەك.

5 ـ مەركەزلەرنى ھىمايە قىلىش بىلەن بىرگە دوكىلاتتا ئالدى بىلەن قول سېلىش كۆرسىتىلىپ كوپ تىلغا ئېلىنغان ئۇممەتنىڭ ئەتراپى قىسمىنىمۇ ھىمايە قىلىشقا ئۇممەتنى سەپەرۋەر قىلىش.

6 ـ ھەرقايسى تەرەپ ماسلاشقان جىددى، ئۈنۈملۈك ۋە سالماق قەدەمدىكى تەشۋىقات خىزمىتى ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ئۆز ھوقۇقىنى قوغداشتىكى پىكىر ئۇرۇشى مۇداپىئەسىدە مۇھىم بىر قورال بولىشىنى، بۇنىڭدا ئەملى بولمىغان ھىسسىياتچان خىتاپلاردىن يىراق بولۇشنى ۋە ئۇممەت ھوقۇقىنى قوغداشتا غەيرەتنى ئاشۇرۇپ ھىممەتنى چىڭىتىش، سادىق ئىرادىلەرنى جۇشقۇن مەيدانغا چىقىرىش ئۈچۈن خىتاپلاردىكى شەرىئەت ئۆلچىمىگە چۈشىدىغان مۇۋاپىق ھىسسىيات كۆتۈرەڭگۈلىكىنىمۇ سەل چاغلىماسلىقنى تەۋسىيە قىلىمىز.

7 ـ ئومۇمى مۇسۇلمانلارغا قىلىدىغان ۋەسىيىتىمىز شۇكى ئالدىمىزدىكى باسقۇچتا بۇ ئۇممەتكە بولغان دوستلۇق ئىپادىسىنىڭ تەلىپى ئىسلامنى ئۇنىڭ ئۆزىگە قىلىنىۋاتقان ھۇجۇملاردىن قوغداش بولىدۇ.

ئىسلامى ئېقىملارنىڭ ئىخلاسمەن قوللىغۇچىلىرىمىزغا قىلىدىغان ۋەسىيىتىمىز ، ئۇممەت ۋە ئۇنىڭ پايدا ـ مەنپەئەت ھوقۇقلىرىنى قوغداش ئۈچۈن ئالدىمىزدىكى باسقۇچتا ئىسلامغا بولغان ھەقىقى دوستلۇق، غەرىپكە پىكىر ۋە پەن ـ مەدەنىيەت ساھەلىرى ۋە باشقا ساھەلەردە قارشى تۇرۇشنى تەقەززا قىلىدۇ.

(ئاپتۇر :خەپپاچى تەخەللۇسلۇق بىر دوكتۇر ، ئەلبايان ژۇرنىلىدىن نەقىل قىلىندى )